# مۇسۇلمان كىشىنىڭ ۋەسىيەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر نەرسىسى تۇرۇپ، ئۇنى يېزىپ قويماستىن ئىككى كېچە ئۇخلىشىغا ھەقلىق ئەمەس

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: مۇسۇلمان كىشىنىڭ ۋەسىيەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر نەرسىسى تۇرۇپ، ئۇنى يېزىپ قويماستىن ئىككى كېچە ئۇخلىشىغا ھەقلىق ئەمەس. ئىمام مۇسلىم: ئىبنى ئۆمەرنىڭ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىرەر كېچىنىمۇ ۋەسىيىتىمنى يازماستىن ئۆتكۈزمىدىم، دېگەن سۆزىنى زىيادە كەلتۈردى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

كىمنىڭكى ۋەسىيەت بايان قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر نەرسىسى تۇرۇپ، ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت كېچىكتۈرۈپ قويۇشى توغرا ئەمەس،بەلكى ئۇنى تەپسىلى يېزىپ قالدۇرۇشقا ئالدىراپ،بىرەر ئىككى كېچىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ۋەسىيەتسىز ئۆتمەسلىكى كېرەك.شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،بۇ پەيغەمبەر نەسىھىتىنى ئاڭلىغاندىن بىرى، شەرىئەت بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش ۋە ھەقنى بايان قىلىش ئۈچۈن ھەركېچە ۋەسىيىتىنى يېڭىلاپ تۇراتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5831

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee